# شىنجاڭ گېزىتى

2019 ـ يىل 11 ـ ئاي
8
جۈمە
维吾尔文 11 月8日

新疆日报网: www.xjdaily.com شىنجاڭ گېزىتخانىسى نەشر قىلدى
CN 65—0002/—W مەملىكەت ئىچىدىكى بىرتۇتاش نومۇرى:

پوچتا ۋاكالەت نومۇرى: 1—57 ماقالە ئەۋەتىش پوچتا ساندۇقى: xjrbdzb@xjdaily.com 24873 ـ سان بۈگۈن 4 بەت


## شى جىنپىڭ گىرېتسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولدى ۋە ھەم برازىلىيەگە بېرىپ كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشىغا قاتناشتى

شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى دىپ-لوماتىيە مىنىستىرلىقىنىڭ باياناتچىسى خۇا چۇنيىڭ 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى مۇنداق جاكارلىدى: گرېتسىيە جۇمھۇر-يىتى زۇڭتۇڭى پاۋلوپوۋلوس، برازىلىيە فېدېراتسىيە جۇمھۇرىيىتى زۇڭتۇڭى بولسوناروننىڭ تەكلىپىگە بىنائەن، دۆلەت رەئىسى شى جىنپىڭ 11 ـ ئاينىڭ 10 ـ كۈنىدىن 15 ـ كۈنىگىچە گرېتسىيەدە دۆلەت ئىشلىرى زىيارىتىدە بولىدۇ ھەم برازىلىيەگە بېرىپ برازىلىيەدە ئۆتكۈ-زۈلىدىغان كىسەك ئالتۇن دۆلەتلىرى رەھبەرلىرىنىڭ 11 ـ قېتىملىق ئۇچرىشىشى-غا قاتنىشىدۇ.

### شى جىنپىڭ 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنداق تەكىتلىدى

# خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، نەتىجىنى جارى قىلدۇرۇپ، زېھىن ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەش كېرەك

**شىنخۇا ئاگېنتلىقى، بېيجىڭ، 11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى تېلېگراممىسى** جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومى-تېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ يېقىندا 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ مۇ-ۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلگەنلىكىگە قارىتا مۇھىم يوليورۇق بېرىپ مۇنۇلارنى تەكىت-لىدى: 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەن-ھەرىكەت مۇسابىقىسى مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈپ، جۇڭگونىڭ سالاپىتى، ھەر-بىيلەرنىڭ ئالاھىدىلىكى نامايان قىلىندى، «مۇسابىقە ئۆتكۈزۈش سەۋىيەسى ئالدىن-قى قاتاردا تۇرۇش، مۇسابىقىگە قاتنىشىش نەتىجىسى ئالدىنقى قاتاردا تۇرۇش» نىشا-نى ئىشقا ئاشۇرۇلدى. يېڭى جۇڭگو قۇ-رۇلغانلىقىغا 70 يىل بولغان پەيتتە، بۇ قې-تىمقى خەلقئارا ھەربىي ئىشلار تەنھەرد-كەت كاتتا مەرىكىسىنىڭ مۇۋەپپەقىيەتلىك ئۆتكۈزۈلۈشى دۇنياغا يېڭى دەۋردىكى جۇڭگونىڭ ئوبرازىنى نامايان قىلىپ، جۇڭگونىڭ تىنچ تەرەققىيات تەشەببۇسىنى ئېلان قىلدى. بۇ پارتىيە مەركىزىي كومى-تېتى ۋە مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەھبەرلىكىدە، تەشكىلىي كومىتېت، ئارمى-يە، يەرلىكتىكى ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپ-لەرنىڭ ئورتاق تىرىشچانلىقىنىڭ نەتىجى-سى. خۇبېي ئۆلكىسى ھەم ۋۇخەن شەھە-رى يۈكسەك سىياسىي مەسئۇلىيەتچانلىق تۇيغۇسى بىلەن كۆڭۈل قويۇپ تەشكىل-لەپ، تېخىمۇ مۇكەممەللەشتۈرۈشكە ئىنتىل-دى، كەڭ شەھەر ئاھالىلىرى خوجايىنلىق قىياپەت بىلەن قىزغىن قاتنىشىپ، پائال تۆھپە قوشۇپ، ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىنىڭ تولۇق مۇۋەپپەقىيەتلىك بولۇشىغا مۇھىم تۆھپە قوشتى.

شى جىنپىڭ مۇنداق كۆرسەتتى: ھەرقايسى ئالاقىدار تەرەپلەر خۇلاسىلەش ۋە تەقدىرلەش خىزمىتىنى ئەستايىدىل ياخشى ئىشلەپ، نەتىجىنى جارى قىلدۇ-رۇپ، زېھىن ۋە كۈچىنى مۇجەسسەملەپ، كەڭ كادىرلار، ئاممىنى «ئىككى 100 يىل»لىق كۈرەش نىشانىنى ئىشقا ئاشۇ-رۇش، جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنى-شىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇش ئۈچۈن ئەقىل ـ پاراسىتى ۋە كۈچىنى تەقدىم قىلىشقا رىغبەتلەندۈرۈشى كېرەك.

10 ـ ئاينىڭ 18 ـ كۈنىدىن 27 ـ كۈنى-گىچە، 7 ـ نۆۋەتلىك دۇنيا ھەربىيلەر تەنھە-رىكەت مۇسابىقىسى خۇبېي ئۆلكىسىنىڭ ۋۇخەن شەھىرىدە ئۆتكۈزۈلدى، 109 دۆ-لەتتىن كەلگەن 9300 دىن ئارتۇق ھەربىي تەنھەرىكەت ماھىرى مۇسابىقىگە قاتناشتى. تەنھەرىكەت مۇسابىقىسىدە 27 چوڭ تۈر، 329 كىچىك تۈردىكى مۇسابىقە تەسىس قى-لىندى، ھەرقايسى دۆلەتلەرنىڭ ھەربىي تەنھەرىكەتچىلىرى قەيسەر ئىرادە بىلەن ئا-خىرقى چەككە جەڭ ئېلان قىلىپ، يېڭى يۇ-قىرى پەللىگە ئۆرلەپ، جەمئىي يەتتە تۈردە دۇنيا رېكورتىنى، 85 تۈردە خەلقئارا ھەربىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى رېكور-تىنى بۇزۇپ تاشلىدى. جۇڭگو خەلق ئا-زادلىق ئارمىيەسى تەنتەربىيە ۋەكىللەر ئۆ-مىكى جەمئىي 133 ئالتۇن مېدال، 64 كۈمۈش مېدال، 42 مىس مېدالغا ئېرىشىپ، ئالتۇن مېدال ۋە مېدال سانىدا 1 ـ ئورۇندا تۇرۇپ، جۇڭگو كوماندىسىنىڭ دۇنيا ھەر-بىيلەر تەنھەرىكەت مۇسابىقىسى مەيدانىد-كى مۇسابىقە نەتىجىسىدە تارىخىي خاراك-تېرلىك بۆسۈشنى ئىشقا ئاشۇردى.

## قۇياش نۇرى جاسارەت بىلەن ئۇچۇش مۇساپىسنى يورۇتتى

### ـــــ پارتىيە مەركىزىي كومىتېتى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېت ۋە شى جۇشىنىڭ خەلق ھاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلۇشىنىڭ تەرەققىياتىغا كۆڭۈل بۆلگەنلىكى توغرىسىدا خاتىرە

☐ **شىنخۇا ئاگېنتلىقى مۇخبىرلىرى لى شۈيۈك، جاك يۈچىك، جاك لىبىيى، ئا-زادلىق ئارمىيە گېزىتى مۇخبىرى لى جيەنۋېن**

بۇ خەلق ھاۋا ئارمىيەسى مەڭگۈ ئەستە ساقلايدىغان تارىخىي پەيت ـــــ 1949 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتىنىڭ دۆلەت قۇرۇش مۇراسىمى ھەربىي پاراتىدا، 17 ئايروپىلاندىن تەشكىللەنگەن ئۇچۇش ئەت-رىتىنىڭ تيەنئەنمېن مەيدانى ئاسمىنىدىن ئۇچۇپ ئۆتۈشى جۇڭگو كوممۇنىستىك پار-تىيەسى رەھبەرلىك قىلىپ قۇرغان خەلق ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ پات ئارىدا دۇنياغا كېلى-دىغانلىقىدىن دېرەك بەرگەندى.

2019 ـ يىلى 10 ـ ئاينىڭ 1 ـ كۈنى، جۇڭخۇا خەلق جۇمھۇرىيىتى قۇرۇلغانلىقى-نىڭ 70يىللىقىنى تەبرىكلەش ھەربىي پاراتىدا، خەلق ھاۋا ئارمىيەسىنىڭ كۆپ تىپتىكى دۆلەتىمىزدە ئىشلەنگەن ئۇرۇش ئايروپىلانلىرى كەڭ ئاسماندا سەپ تۈزەپ، پارتى-يە ۋە خەلقنىڭ پاراتنى كۆزدىن كەچۈرۈشىنى قوبۇل قىلىپ، بىر قۇدرەتلىك زامان-ۋىلاشقان خەلق ھاۋا ئارمىيەسى قۇرۇشتا يېڭى قەدەم تاشلىغانلىقىنى جاكارلىدى.

پارتىيە 18 ـ قۇرۇلتىيىدىن بۇيان، جۇڭگو كوممۇنىستىك پارتىيەسى مەركىزىي كومىتېتىنىڭ باش شۇجىسى، دۆلەت رەئىسى، مەركىزىي ھەربىي كومىتېتنىڭ رەئىسى شى جىنپىڭ جۇڭخۇا مىللىتىنىڭ ئۇلۇغ گۈللىنىشىدىن ئىبارەت جۇڭگو ئارزۇسىنى ئىشقا ئاشۇرۇشنىڭ ئىستراتېگىيەلىك يۈكسەكلىكىدە تۇرۇپ، «ئاسمان ـ زېمىن بىر گەۋدىلەشكەن، ھۇجۇم قىلىش بىلەن مۇداپىئە ئىقتىدارىنى تەڭ ھازىرلىغان قۇدرەت-لىك خەلق ھاۋا ئارمىيەسى قۇرۇلۇشىنى تېزلىتىش» ئۇلۇغ چاقىرىقىنى چىقىرىپ، بىر قاتار خەلق ھاۋا ئارمىيە قۇرۇلۇشى ۋە يىراق كەلگۈسى تەرەققىياتقا مۇناسىۋەتلىك ئىستراتېگىيەلىك پىلانىنى ئوتتۇرىغا قويدى. خەلق ھاۋا ئارمىيەسى يېڭى باشلىنىش نۇقتىسىدا تۇرۇپ، تارىخىي خاراكتېرلىك ھالقىشنىڭ يېڭى مۇساپىسىنى باشلىدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

**شى جىنپىڭنىڭ يېڭى دەۋر جۇڭگوچە سوتسىيالىزم ئىدىيەسىنىڭ يېتەكچىلىكىدە**
ـــــ يېڭى دەۋر، يېڭى نەتىجە، يېڭى سەھىپە

### ئىسلاھات پايدىسى سىجىل قويۇپ بېرىلدى تۈرتكە بولۇش ئۈنۈمى ئېففېكتى كۆنسېرى گەۋدىلەندى

## شىنجاڭدا ئالدىنقى ئۈچ پەسىلدە يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن باج، تۆۋەنلىتىلگەن ھەق 17 مىليارد 700 مىليون يۈەندىن ئاشتى

مۇخبىرىمىز **مېھرىگۈل ناسىرنىڭ** ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسىدىن ئى-گىلىشىچە، بۇ يىل 1 ـ ئايدىن 9 ـ ئايغى-چە، پۈتۈن ئاپتونوم رايون بويىچە يېڭى-دىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن باج، تۆ-ۋەنلىتىلگەن ھەق 17 مىليارد 730 مىليون يۈەنگە يەتكەن. بۇنىڭ ئىچىدە، قوشۇلما قىممەت بېجى ئىسلاھاتىدا يېڭىدىن كۆ-پەيگەن كېمەيتىلگەن باج 9 مىليارد 46 مىليون يۈەن بولۇپ، كىچىك، ئۇششاق كارخانىلارنىڭ ئومۇمىي مەنپەئەتدارلىق سىياسىتى بويىچە يېڭىدىن كۆپەيگەن كې-مەيتىلگەن باج 2 مىليارد 178 مىليون يۈەن، شەخسىي تاپاۋەت بېجىدا ئىككى قەدەملىك ئىسلاھاتنىڭ قاتلىنىشى سەۋەب-لىك يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن باج 5 مىليارد 504 مىليون يۈەن، باشقا سىياسەتلەر بىلەن يېڭىدىن كۆپەيگەن كېمەيتىلگەن باج 1 مىليارد 2 مىليون يۈەن بولغان.

ئاپتونوم رايونلۇق باج ئىدارىسى باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش رەھبەرلىك گۇرۇپپىسى ئىشخانىسىنىڭ مۇ-ئاۋىن مۇدىرى لو ئەيمىن مۇنداق بىل-دۈردى: تېخىمۇ زور كۆلەملىك باجنى كېمەيتىش، ھەقنى تۆۋەنلىتىش سىياسىتى يولغا قويۇلغاندىن بۇيان، ئاپتونوم رايو-نىمىزدىكى باج تارماقلىرى ئىزچىللاشتۇ-رۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتۇش بىلەن بىللە، سىياسەت ئېففېكتىنى دەس-لەپكى قەدەمدە ئانالىز قىلدى، نەتىجە-سىدىن مەلۇم بولۇشىچە، باجنى كېمەيتىش،

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)

## قەشقەر ۋىلايىتى سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى چىڭىتىپ، پۇختىلاپ، تۈزىتىشنى تۇتتى

### ـــــ دىققەتنى باش تېما، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش توغرىسىدا يۈرۈشلۈك خەۋەر

**ئەسلى مەقسەتنى ئۇنتۇماي، بۇرچنى ئەستە چىڭ ساقلاش**
دىققەتنى باش تېمىغا، ئاساسىي لىنىيەگە مەركەزلەشتۈرۈپ، تۈزىتىشنى تۇتۇش

مۇخبىرلىرىمىز **پەرىزات ئابدۇل، شيا چىك**، ئىختىيارىي مۇخبىرلىرىمىز **ۋاڭ جىخېك، ۋاڭ ۋېنبو** خەۋەر قىلىدۇ: «ئىلگىرى ئىجتىمائىي سۇغۇرتىنى بېجىرىش ئۈچۈن بانكا بىلەن ئىجتىمائىي سۇغۇرتا ئىدارىسى ئارىسىدا نەچچە قېتىم قاتراشقا توغرا كېلەتتى، ھازىر پەقەت بىر قېتىم قات-راپلا بېجىرگىلى بولىدىغان بولدى، ئىشلار ئاسانلىشىپ كەتتى» دېدى قەشقەر ۋىلا-يەتلىك مەمۇرىي مۇلازىمەت مەركىزىگە ئىش بېجىرگىلى كەلگەن قەشقەر ۋەنسەي سودا چەكلىك شىركىتىنىڭ مەسئۇلى شۇ شياڭ چوڭقۇر تەسىراتتا.

قەشقەر ۋىلايەتلىك مەمۇرىي مۇلا-زىمەت مەركىزىنىڭ سۇبيېكتلىق مەسئۇل-يەتنى ئەمەلىيلەشتۈرۈپ، ئاممىنىڭ ئەنكا-سى كۈچلۈك بولغان مەسىلىلەرنى دەل جايىدا تۈزىتىشى قەشقەر ۋىلايىتىنىڭ باش تېما تەربىيەسىدە بېسىمنى قاتلاممۇقاتلام يەتكۈزۈپ، سۇبيېكتلىق مەسئۇلىيەتنى ئەستايىدىل پۇختىلىغانلىقىنىڭ ئىخچام كارتىنىسى.

(ئاخىرى 3 ـ بەتتە)


新疆头条 APP 微信公众号 新疆日报网 天山网 APP
شىنجاڭ گېزىتخانىسى يېڭى تاراتقۇلىرى سىپى


**ئىمپورت كۆرگەزمىسىگە نەزەر**



11 ـ ئاينىڭ 7 ـ كۈنى، ساياھەتچىلەر شاڭخەي دۆلەت كۆرگەزمە مەركىزىنىڭ شىنجاڭ كۆرگەزمە رايونىدا خاس كەشتە مەھسۇلاتى بىلەن تونۇشماقتا. بۇ نۆۋەتلىك ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە تۇنجى قېتىم «غەيرىي ماددىي مەدەنىيەت مىراسلىرى ھەم جۇڭخۇا كونا داڭلىق ماركىسى» مەدەنىيەت كۆرگەزمە تۈرى كۆپەيتىپ تەسىس قىلىندى، شىنجاڭ سودا ئۆمىكى «شىنجاڭ ياخشى جاي»نى باش تېما قىلىپ بۇنىڭغا قاتناشتى. ☐مۇخبىرىمىز شىې لۇڭ فوتوسى

## ئېچىۋېتىش شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ، تەرەققىيات يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىش

### ـــــ رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان ئاساسىي مەقسەت نۇتقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى

رەئىس شى جىنپىڭنىڭ 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىنىڭ ئېچىلىش مۇراسىمىدا قىلغان ئاسا-سىي مەقسەت نۇتقى ئاپتونوم رايونىمىزدا قىزغىن ئىنكاس قوزغىدى. كۆپچىلىك بەس ـ بەستە مۇنداق بىلدۈردى: «بىر بەلباغ، بىر يول» قۇرۇلۇشىنىڭ مۇھىم، زور پۇرسىتىنى چىڭ تۇتۇپ، ئەمەلىي ھەرىكىتىمىز ئارقىلىق ئىسلاھاتنى ئىل-گىرى سۈرۈپ، تەرەققىياتنى ئىلگىرى سۈرۈپ، يېڭىلىق يا-رىتىشنى ئىلگىرى سۈرۈپ، شىنجاڭنىڭ تېخىمۇ يۇقىرى سە-ۋىيەلىك سىرتقا ئېچىۋېتىشنى سىجىل ئالغا سىلجىتىپ، ئېچى-ۋېتىش شەرق شامىلىدىن پايدىلىنىپ يۇقىرى سۈپەتلىك تە-رەققىيات يەلكىنىنى ئېگىز چىقىرىشىمىز كېرەك.

رەئىس شى جىنپىڭ ئاساسىي مەقسەت نۇتقىدا ئوچۇق ھەمكارلىشىدىغان، ئوچۇق يېڭىلىق يارىتىدىغان ھەم ئوچۇق ھەمبەھىرلىنىدىغان دۇنيا ئىقتىسادىنى ئورتاق بەرپا قىلىشنى ئوتتۇرىغا قويۇپ، دۇنياغا كۈچلۈك ئېچىۋېتىش سىگنالىنى يەنە بىر قېتىم تارقاتتى. ئاپتونوم رايونلۇق سودا نازارىتى پارتگۇرۇپپىسىنىڭ شۇجىسى، نازىر رۇڭ جۈن مۇنداق دېدى: بىز مەۋقەنى شىنجاڭنىڭ سىرتقا ئېچىۋېتىش ئەمەلىيىتىگە قويۇپ، ۋەزىپىلەرنى تۈرمۇتۈر بۆلۈپ، ئىزچىللاشتۇرۇش، ئەمەلىيلەشتۈرۈشنى قاتتىق تۇتىمىز. دىققەتنى ئىجتىمائىي مۇ-قىملىق ۋە ئەبەدىي ئەمىنلىك باش نىشانغا مەركەزلەشتۈرۈشتە چىڭ تۇرۇش شەرتى ئاستىدا، ئىشكىنى دۆلەت ئىچىگە، سىرتقا ئېچىۋېتىش قەدىمىنى تېزلىتىش ئارقىلىق شەرق بىلەن بىرلە-شىپ غەربتىن چىقىرىشنىڭ خەلقئارا سودا چوڭ يولىنى ئېچىپ،

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە رىشتە باغلاش «كۆرۈپ بېقىش»تىن «قول تۇتۇشۇش»قىچە

## رۇسىيە زەنجىرسىمان تاللا بازىرىنىڭ جۇڭگو شىنجاڭغا «كۆزى چۈشتى»

### شىنجاڭدا 200 دۇكان ئېچىشنى پىلانلىدى

مۇخبىرلىرىمىز **چېن چياڭۋېي، ما يىنىڭ** خەۋەر قىلىدۇ: «رەئىس شى جىنپىڭ مۇنداق دېدى: ‹جۇڭگو بازىرى مانا مۇشۇنداق چوڭ، كۆپچىلىكنىڭ كېلىپ كۆرۈپ بېقىشىنى قارشى ئالىمىز.› رۇسىيە ئۇۋان چەكلىك مەسئۇلىيەت شىركىتى كېلىپ كۆرۈپ بېقىپلا قالماستىن، يەنە بۇ قېتىمقى ھەمكارلىق ئارقىلىق كەڭ جۇڭگو بازىرىغا چوڭقۇر چۆكۈشنى ئۈمىد قىلىدۇ.»

11 ـ ئاينىڭ 6 ـ كۈنى، 2 ـ نۆۋەتلىك جۇڭگو خەلقئارا ئىمپورت كۆرگەزمىسىدە، جۇڭگو شىنجاڭ ئۈرۈمچى ئىقتىساد ـ تېخنىكا تەرەققىيات رايونى (تۇدۇڭخابا رايو-نى) باشقۇرۇش كومىتېتى بىلەن ھەمكارلىق كېلىشىمى ئىمزالىغاندىن كېيىن، بۇ شىركەتنىڭ جۇڭگو تەرەپ ۋەكىلى تاراپخان پاتىخان شۇنداق دېدى.

(ئاخىرى 2 ـ بەتتە)

## روزىتوختى: ئىككى قولۇمغا تايىنىپ پۈتۈن ئائىلەمنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىمەن

**ئەتىمىز تېخىمۇ گۈزەل**

☐**مۇخبىرلىرىمىز جېك جو، سۈي يۈنيەن**

ھەر كۈنى ئەتىگەن سائەت 9 ئەتىرا-پىدا، لوپ ناھىيەسىنىڭ ناۋا يېزىسى ناھ-راتلارنى يۆلەش كەسىپلەر باغچىسىدا، ھە-مىشە بىر يىگىتنىڭ ئاشخانىدا ئالدىراش يۈرگەنلىكىنى كۆرگىلى بولىدۇ، ئۇ ناۋا يېزىسى ئاچادۆك كەنتىنىڭ كەنت ئاھالە-سى روزىتوختى.

8 ـ ئاينىڭ 28 ـ كۈنى سەھەردە، روزىتوختى ئادەتتىكىدەك ئاشخانىغا ئەتى-گەن كېلىپ، زاپاس ساقلاش ئۆيىدىكى سەۋزىنىڭ يېتىدىغان ـ يەتمەيدىغانلىقىغا قاراپ باقتى، ئاندىن تاماق قاچىلىرى ۋە پەتنۇسلارنى سۈرتۈپ پارقىرىتىۋەتتى. گەرچە ھەر كۈنى پەقەت كەسىپلەر باغچە-سىدىكى ئىشچىلارغا بىر ۋاق چۈشلۈك تاماق ئېتىپ بېرىشكىلا مەسئۇل بولسىمۇ، لېكىن روزىتوختى ئىشنى ناھايىتى كۆڭۈل قويۇپ قىلاتتى.

«ئىلگىرى دىنىي ئەسەبىيلىك ئىدىيە-سىنىڭ تەسىرىگە ئۇچراپ، ھېچ ئىش قىلغۇم كەلمەيتتى؛ ھازىر ئويلىشىمەن، ئىككى قولۇمغا تايىنىپ پۈتۈن ئائىلەمنى ياخشى كۈنگە ئېرىشتۈرىمەن.» روزىتوخ-تى مۇنداق دېدى: بۇ خىزمەتنىڭ ئۆزى يېڭى باشلىنىش بولدى، ھەممە ئىشقا ئەس-تايىدىل مۇئامىلە قىلىشىم كېرەك.

كۆرۈۋېلىشقا بولىدۇكى، ئالدىراش خىزمەت 21 ياشلىق بۇ يىگىتكە مۇكەممەل-لىك ھېس قىلدۇرغان، شۇنداقلا ئۆزىگە بولغان ئىشەنچى تولۇپ تاشقاندى.

(ئاخىرى 4 ـ بەتتە)